# تۈلكىنىڭ ئاقىۋىتى



# تۈلكنڭ ئاقۋتى



مللەتلەر نەشرياتى

بېيجن - 1957

# كىرىش سۆز

بىر بوۋاي بار ئىكەن، ئۇ، باغچىسىغا بىر نەچچە تۈپ تەك ئۈزۈم تىككەن ئىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەستىن تەكتە غۇژمەك ـ غۇژمەك ئۈزۈملەر مەي باغلاپ پىشىپ كېتىپتۇ. تۈلكە بۇ ئۈزۈملەرنى ئوغۇرلاپ يەيدىكەن. بۇنى بوۋاي سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قىلتاق قويۇپتۇ. تۈلكە ئىككىنچى نۆۋەت ئۈزۈم ئوغۇرلىغىلى كېلىپ، قىلتاققا چۈشۈپ قەپتۇ. بوۋاي ئۇنى تۇتۇۋەپتۇ. ھىلىگەر تۈلكە يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋېلىپ، بوۋاينىڭ ئېھتىياتسىزلىغىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

تۈلكە قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا كىرپە ئۇچراپ قەپتۇ. ئۇ كىرپىگە، مېنى بوۋاي ئۈزۈم يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىۋىدى، ـ دەپ ماختىنىپتۇ. كىرپە بۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ،

تۈلكە بىلەن بىللە باققا بېرىپ، تەككە چىقىپ ئۈزۈم ئۈزۈپتۇ. تۈلكە بولسا پەستە تۇرۇپ، كىرپە ئۈزگەن ئۈزۈملەرنى يەپ بوپتۇ.

كىرپە ئۈزۈم بارىكىدىن چۈشكەن ھامان قىلتاققا چۈشۈپ قەپتۇ. تۈلكىنىڭ كىرپە بىلەن كارىمۇ بولماپتۇ. كىرپە خاپا بولۇپ بىر ئامال تېپىپتۇدە تۈلكىگە يالغاندىن ئويۇمنىڭ بىر يېرىگە 3 تاغار گۆھەر كۆمۈپ قويدۇم دەپتۇ. تۈلكە ئۇنىمۇ قولغا چۈشەرگۈسى كېلىپ، ئويىنىڭ قەيېرىگە كۆمۈپ قويغانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ كىرپىنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگەن ئىكەن، كىرپە ئۇنىڭ قويرۇغىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ زادىلا قويۇۋەتمەپتۇ. شۇ ئارىدا بوۋاي كېلىپ تۈلكىنى تۇتۇۋەپتۇ ۋە كىرپىگە: «تۈلكە بىلەن دوست بولماسلىقىڭ كېرەك.» — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.



بىر بوۋاي بار ئىكەن، ئۇ باغچىسىغا بىر
نەچچە تۈپ تەك ئۈزۈم تىككەن ئىكەن، ئۈزۈن
ئۆتمەستىن ئۇ تەكلەردە غۇژمەك-غۇژمەك ئۈزۈم-
لەر راسا مەي باغلاپ پىشىپتۇ.



بوۋاي پىشقان ئۈزۈملەرنى خۇشال ھالدا ئۈزۈۋاتقان ئىكەن، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولىدىكى ئۈزۈمنى بىر نەرسە تارتىپلا ئېلىپ كېتىپتۇ.



قارىسا بوۋاينىڭ قولىدىكى ئۈزۈمنى تارتىپ ئېلىپ كەتكەن نەرسە بىر ھىلىگەر تۈلكە ئىكەن، ئۇ، چىتنىڭ تېشىدا تۇرۇپ ئۈزۈم ئوغۇرلاۋاتقان ئىكەن.



بوۋاي ئاچچىغىدا چىتتىن سەكرەپ چىقىپ قوغ-
لاپتۇ، لېكىن بوۋاي بىر نەرسىگە پۇتلۇشۇپ ژىقىلىپ
چۇشۇپتۇ. تۇلكە شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ.



تۈلكە قېچىپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆيگە كې-
تىۋاتقان كىرپىگە يولۇقۇپ قەپتۇ. ئۇ كىرپىگە:
«كىرپىجان، قاراسىنى، ئاۋۇ باغدىكى ئۈزۈملەر
پىشىپ كېتىپتۇ، نىمە دەپ ئۈزۈم يېگىلى بار-
مايسەن؟!» — دېگەن ئىكەن، كىرپە: «مەن كىشىنىڭ
ئۈزۈمىگە تەگمەيمەن.» — دەپتۇ.



تۇلكە كىرپىنىڭ ئاق كوڭۇللىگىنى بىلىپ، يەنە ھارامزەدىلىك بىلەن كىرپىگە: «باغنىڭ ئىگىسى بوۋاي مېنى ئۈزۈم يېيىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى، لېكىن ئۇ مېنى چۈشكە تەكلىپ قىلدىمۇ ياكى كەچكە تەكلىپ قىلدىمۇ، بۇ مېنىڭ ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنى ماڭا ئۇقۇپ بەرسەڭ ئىكەن!»—دەپتۇ.



باشقلارغا ياردەم قلشنى ياخشى كورۇدىغان كرپە تۇلكننڭ ئېيتقننى راس بولسا كېرەك دەپ، ئۇقۇپ كېلش ئۇچۇن دەرهال بوۋاينڭ باغچسى يېنغا كەلسە هېچكم كورۇنمەپتۇ.



دەل شۇ چاغدا تۈلكىمۇ ئۈنىڭ ئارقىسىدىن
ئاستا ئەگىشىپ بېرىپتۇ. كىرپە تۈلكىگە بۇيەردە ھېچ-
كىم كۆرۈنمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان تۈل-
كە كىرپە بىلەن كارىمۇ بولماستىن، چىتتىن ئارتىلىپ
باغچىغا ئۈزۈم ئوغۇرلىغىلى چۈشۈپتۇ.



بۇ نوۋەت تۇلكىنى پالاكەت بېسىپتۇ، چىشلىن
چۇشۇشى بىلەنلا، بىوۋاي قويغان قىلتاقىقا چۈشۈپ
قاپتۇ، تۇلكىنىڭ پۇتى قىلتاقىقا چىڭ باغلىنىپ قاپتۇ.



تۇلكه كىرپىگه: «جان ئۇكام، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويساڭ ئىكەن، مېنىڭ بۇيەردە قىلتاقتا چۇشۇپ قالغىنىمنى خەق كورۇپ قالسا، سەت بولۇدۇ» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئاق كوكۇل كىرپە ئۇنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ قىلتاقنى ئۇزۇشكە بىر نەرسە ئىزدىگىلى كېتىپتۇ.



شۇ چاغدا بوۋاينىڭ ئۆيى تەرەپتىن چىقىپ
كېلىۋاتقانلىغىنى كورگەن تۈلكە، قېچىپ قۇتۇ-
لۇشقا كوزى يەتمەي، يالغاندىن ئولگەن بولۇپ
يېتىۋەپتۇ. بۇنى كورگەن بوۋاي خوشال بولۇپ:
«بۇنوۋەت قاچالماي قورقۇپ ئولۇپسەندە»-دەپتۇ.



بوۋاي تۆلكىنى بوينىغا ئوروۋېلىپ هوزۇر-
لانغان هالدا: «تۆلكە تېرىسى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى
نەرسىكەن، قارا، نىمە دىگەن ياخشى ياقىلىق بۇ!»
— دەپتۇ.



بوۋاي جىلتكىسىنى سىيلىپ، تۈلكىنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ يېپىپ قويۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قىلتاقنى يېشىپتۇ.



شۇ چاغدا ھىلىگەر تۈلكە غىپلا قىلىپ قېچىپ
كېتىپتۇ.



بوۋاي ئورۇلۇپ قارىغىدەك بولسا، تۈلكە ئاللىقاچان قېچىپ كېتىپتۇ. بوۋاي قاچقان تۈلكىگە قاراپ: «ھىلىگەر تۈلكە، ئالدىرىما، ئەندى قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭ......» — دەپ تىللاپتۇ.



تۈلكە قېچىپ كېتىۋاتسا كىرپە ئۇنى قۇتۇل-
دۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يوغان بىر تال كالتەكنى ئېلىپ
كېلىۋاتقان ئىكەن. تۈلكە كىرپىگە مىنەتتارلىق بىل-
دۈرۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە: «سەن تازا
ئەخمەقتە، بوۋاي مېنى ئۆزى قۇتۇلدۇرۇپ قويدى.
تېخى ئۇ مېنى ئۈزۈمگە تەكلىپ قىلدى!»- دەپ ئالداپتۇ.



تۇلكىنىڭ ھىلىلىرى ناھايىتى كوپ، ئۇ كىرپىدىن پايدىلانماقچى بولۇپ، بىر دىن، يەنە شىرىن سوزلەر بىلەن: «سەن كېتىۋىدىڭ، كوڭلۇم يېرىم بولۇپ قالدى، بوۋاي تېخى سىنىمۇ ئۇزۇمگە تەكلىپ قىلغان ئىدى، ژۇر، بارغىن، بىر ئاز ئۇزۇم يىسەڭ تېنىڭ ساغلام بولۇدۇ.» — دەپتۇ.



كىرپە تۈلكىنى ياخشى دوست ئېكەن دەپ، ژۈگۈرۈپ باققا كىرىپ بىر ساپاق ئۈزۈم ئۈزۈپ چىقىپتۇ. تۈلكە كىرپىگە: «ئۈزۈمىڭنى بۇيەرگە قويۇپ، يەنە ئۈزۈپ چىق، ئېشىپ قالغىنىنى قىشتا يەرمىز.» — دەپتۇ.



كىرپە ئۈزۈم ئۈزگىلى كەتكەندە تۈلكە
ئۇنىڭ ئۈزۈپ چىققان ئۈزۈملىرىنى موكۇلداپ
يەۋېرىپتۇ.



كىرپە بىر ساپاق ئۈزۈم ئۈزۈپ چىقسا تۈل-
كىمۇ ئۈزۈمدىن بىر تال قالدۇرماي يىگىلدەك. يەر-
دىكى ئۈزۈمنى ئوزى يەپ بولۇپ، يەنە تېخى ئو-
زىنى ئاق كۆڭۈل كورسۇتۇپ: «كىرپىجان، مەن
سەللا دىققەت قىلمىغان ئىدىم، ئۈزۈملەرنى ئاۋۇسى-
رىق توغايلار يەپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!» — دەپتۇ.



دەرەختىكى سېرىق توغايلار تۇلكىنىڭ ئۇز-
لىرىگە بوھتان چاپلاۋاتقانلىقىنى كورۇپ، خاپىچى-
لىقتىن ئىچلىرى تىت-تىت بولۇپ كېتىپتۇ.



سېرىق توغايلار بىر ئاز مەسلىھەتلىشىۋېلىپ، كىرپىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بېرىپ كىرپە ئۈزۈپ كەلگەن ئۈزۈملەرنى تۇلكىنىڭ ئوغۇرلاپ يەپ قويغىنىنى ئېيتىپتۇ.



بۇنى ئاڭلىغان كىرپە ئالدىراپ-تېنەپ با-
راڭدىن چۈشكەن ئېكەن، تۇيۇقسىزدىن قىلتاققا چۈ-
شۈپ، پۇتى قىلتاققا چىڭ باغلىنىپ قەپتۇ.



تۈلكه كىرپىنىڭ قىلتاققا چۈشۈپ قالغانلىغىـ
نى كۆرۈپ بىر چەتتە تۇرۇپ قاقاخلاپ كۈلۈپتۇ، ئۇ
يەنە خەقنىڭ بېشىغا چۈشكەن پالاكەتنى كۆرۈپ خوش
بولۇپ: «مېنىڭ قورسۇغۇم تويدى، ئەندى كېتىمەن،
قىلتاققا ئۆزەڭ چۈشۈپسەن، ئەندى ئۆزەڭ بىر ئا-
مال قىلىپ قۇتۇلارسەن» ــ دەپ قۇيرۇغىنى تىكـ
ۋەتمەكچى بوپتۇ.



كىرپە تۈلكىنىڭ مۇناپىقلىغىنى مانا ئەندىلا بىلىپتۇ، ئۇ بىر ئازمۇ قورقماستىن بۇ قۇۋ تۈلكە ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش چارىسىنى ئويلاپ قويۇپتۇ.



كىرپە يالغاندىن ژىغلىغان بولۇپ، تۆلكىگە:
«مەن ئۆزەمنىڭ قىلتاققا چۈشۈپ قالغىنىمغا ژىغلاۋاتـ
قىنىم يوق، بەلكى كۆمۈپ قويغان 3 تاغار گوھرىـ
گە ئېچىنىپ ژىغلاۋاتىمەن»ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاچ
كۆز تۆلكە ئالمان ـ تالمان: «ئۇ تاغارلار نەدە؟
تاغارلارنى سۇقۇپ قويغان يەرنى ئېيتساڭ، قىلتاقتىن
سېنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالى تېپىلىپ قالار.»ــ دەپتۇ.



كىرپە ئەندىشە قىلغاندەك بولۇپ تۈلكىگە:
«ساڭا ئېيتقىم بار ئىدى، بىراق باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمغا يېقىنراق كەلگىن، مەن ساڭا ئاستا ئېيتىپ بېرەي» —دەپتۇ. تۈلكە بىمالال كىرپىنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىكەن، كىرپە ئۇنىڭ قويرۇغىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، زادىلا قويۇۋەتمەپتۇ.



شۇ ئارىدا بوۋاي كېلىپ قېلىپ تۈلكىگە:

«ھە تۈلكە، بۇ نوۋەتقۇ قولغا چۈشكەنسەن، ئەن-
دى يالغان ئۆلۈۋېلىپ مېنى ئالدىيالمايسەن»—دەپتۇ.



شۇنداق قىلىپ تۇلكە ئاقسۇەتتە بوۋاينىڭ
تاغىرىغا سولۇنۇپتۇ.



ئاخىرىدا بوۋاي كىرپىگە نەسىھەت قىلىپ:
«سەن تۈلكە بىلەن ھەرگىز دوست بولما، ئۇنىڭغا
ئەگەشسەڭ زىيان تارتىسەن!» — دەپ ئۇنى بىرساپاق
ئۈزۈم بىلەن ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ.

بۇ كىتاپ چاۋخۇا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1955 - ژىلى دېكابىردا نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据朝花美术出版社1955年12月第1版第1次印刷本譯出

كىتاپ نومېرى: 1050(4)214

تۈلكىنىڭ ئاقىۋىتى

جۇڭگو كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.

رەسساملار: گۇمى ۋە باشقىلار.

تەرجىمە قىلغۇچى: ق. خۇجايوۋ.

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: رېھىمجان.

كوررېكتورى: ق. خۇجايوۋ.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجېن 54 - قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ رۇخسەت قەغەزى نومېرى: «ن - 047».

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.

پەنلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1957 - ژىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1957 - ژىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

تىراژى: 1-10 000. باھاسى: 10 پۇڭ.

書號：1050(4)214

狐狸的下場

（維吾尔文）

中國电影發行公司改編

谷　梅等繪

卡·赫加优夫譯

任运昌校訂

卡·赫加优夫校对

民族出版社出版

地址：北京國子監街54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠排版

科学院印廠印刷

新華書店發行

---

1957年6月北京第一版

1957年6月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/40　印張[illegible]

印数：1—10,000冊　定價：一角

統一書号：MR8049·維56